# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
28
دۈشەنبە
维吾尔文 10 月28日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24862 - سان بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن
# «يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىروگرامما»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى پەزىلىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالىيجاناب قىممەت ئىنتىلىشىنى يېتىلدۈرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات تارىخىي مۇساپىسىدە، ماركسىزمنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۈزەل جەمئىيەتكە بولغان غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# يولداش شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن يولداش شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابى مەركىزىي ھۆججەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

بۇ مەخسۇس تېمىلىق ئەسەرلەر توپلىمىدا 2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يولداش شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا قىلغان سۆزى مۇقەددىمە قىلىنغان، 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولداش شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى خاتىمە قىلىنغان بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بايان قىلىنغان 70 پارچە مۇھىم ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن، تەخمىنەن 140 مىڭ خەت، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ماقالىلەر تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىنغان.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىپ، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. يولداش شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم زور ئەھمىيىتى، يۆنىلىش پرىنسىپى، تۈزۈلمە مېخانىزمى، شەكىل ئۇسۇلى قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا چوڭقۇر شەرھلەپ، پارتىيەمىزنىڭ كومپارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانۇنىيىتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيەسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىزنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ئاڭلىق ساقلاپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى ئۆستۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەسلى مەقسەت - بۇرچ تەسىراتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش

## —— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ مەخسۇس تېمىلىق ئۆگىنىش، باش تېمىلىق مۇھاكىمە قىلىش، نەق مەيداندا تەربىيەلەش، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ تەنتەنىلىك ئەھۋالىنى بىۋاستە كۆرسىتىشنى كوللېكتىپ كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى باش تېما تەربىيەسىگە يۇغۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى مەقسەت - بۇرچىنى تاۋلىدى.

**■ نەزەرىيە ئۆگىنىپ ئەسلى مەقسەتنى چۈشىنىش**

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**يايلاق كۆچۈش**

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چارۋىچى چاغانتوقاي ناھىيەسىدىكى ئەتىيازلىق - كۈزلۈك يايلاقتا پادا باقماقتا. ھەر يىلى 10 - ئايدا، بۇ ناھىيەدىكى تەخمىنەن 300 مىڭ تۇياق چارۋا مال يازلىق يايلاقتىن ئەتىيازلىق - كۈزلۈك يايلاققا كۆچۈپ قىشلايدۇ. □ياڭ خۇاگۇاڭ فوتوسى

# «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىش پەيتىدە

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى زوۋ ۋېي، لو جېڭگۇاڭ، ليۇ يىجەن، لىن خۇي

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قەدىمدىن ھازىرغىچە سانسىزلىغان دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بوشاشماي ئىزدەنگەن غايىسى بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىرادىسىدىن قايتماي ئىزدەنگەن نىشانى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلىنى تەتقىق قىلىش يىغىنىنىڭ روشەن باش تېمىسى بولىدۇ.

70 يىل قۇدرەتلىك كۈچ توپلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش.

دەۋر گۇۋاھ بولماقتا، تارىخ ئەستە چىڭ ساقلىنىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش مۇساپىسىدە ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ تېخىمۇ يۇقىرى مەنزىلىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز قەدەم تاشلاپ، جەزمەن پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى، ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۈزۈم مەدەنىيلىكى ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يېڭى تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

**■ تەجرىبىلەرنى توپلاپ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش ——**

**پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۆجىزىسى ۋە سىياسىي مۇقىملىق مۆجىزىسىنى ياراتتى**

ئالتۇن كۈز پەسلىدە، بېيجىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى.

«ئۇلۇغ مۇساپە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر —— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ تىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرگەزمىسى»گە كىرگەن كىشىلەر قايىناق - تاشقىنلىقتا چۆمگەن ۋاقىت تونېلىنى بويلاپ، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىلدىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرىگە نەزەر سالدى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، پارتىيەنىڭ سايلام تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش... ھەربىر كۆرگەزمە تاختىسى، ھەربىر كۆرگەزمە بۇيۇمى 70 يىللىق تەرەققىيات مۆجىزىسىنىڭ ئارقىسىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلىشتىن تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشكىچە، ئىزدىنىش داۋامىدا ئىلگىرىلەشتىن تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشكىچە، تېخىمۇ تۇراقلىششقىچە بولغان ئۈچقاندەك ئۆرلەش ئەگرى سىزىقىنى ئىخچام تەسۋىرلىگەنىدى.

«جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان نۇرغۇن مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغاچقا، ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادىكى 2 - چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى» دېدى فرانسىيەلىك خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو - ياۋروپا مۇنبىرىنىڭ قۇرغۇچىسى داۋىد گوسسېر ھاياجان بىلەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايون دۆلەت مۈلكىنىڭ «تېگى - تەكتى»نى ئاشكارىلىدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىرنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - قېتىملىق يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «2018 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان. «دوكلات»تا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت مۈلكىنىڭ «تېگى - تەكتى» ئاشكارىلانغان بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون خەلقىگە ئومۇمىي دۆلەت مۈلكىدىن «ئېنىق ھېسابات» بېرىلگەن.

«دوكلات»تا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكى ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليارد 121 مىليون يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 17 مىليارد 350 مىليون يۈەن، مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليارد 36 مىليون يۈەن، پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 735 مىليون يۈەن ئىكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 13 مىليون 712 مىڭ 600 گېكتار، تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 61 مىليون 582 مىڭ 400 گېكتار، دەريا - ئېقىن سۇلۇق يېرى، كۆل سۇلۇق يېرى، سازلىق سۇلۇق يېرى ۋە سۈنئىي سۇلۇق يەردىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈردىكى سۇلۇق يەر كۆلىمى 3 مىليون 948 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، ئۆزىدىن چىقىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارى 83 مىليارد 270 مىليون كۇب مېتىر ئىكەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# «چۆچۈسەي»نىڭ ئاچچىقلىقىدىن جىگدە ھەسىلىنىڭ تاتلىقلىقىغىچە

## —— جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر نامرات دېھقاننىڭ ئىككى خىل تۇرمۇش تۇيغۇسى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋلۇڭ، جاڭ شياۋچېڭ




ياپيېشىل كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى يەرنى قاپلىغان، ساپسېرىق توغراق دەرەخلىرى قۇم بارخانلىرىغا ھۆسن قوشقان بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلار قويۇق كۈز تۈسىگە كىرگەنىدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ يېڭىباغ كەنتىدە، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىزدا ئالدىراش ئىدى، لېكىن «80 - يىللاردا تۇغۇلغان» دېھقان ئابلەھەت ئابدۇللا ئۆيىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئالدىراش ھوسۇل يىغىشقا قاتنىشالمىدى.

ئابلەھەت يىل بويى خوتەن شەھىرىدىكى بىر ترانسفورموتور پونكىتىدا ئىشلەيتتى، كىرىمى يەر تېرىشقا قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى. خوتۇنى بىر ئاي ئىلگىرى 500 - 400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا پاختا تەرگىلى كەتكەچكە، ئۇ ۋاقتىنچە خوتەن شەھىرىدىن ئۆيىگە قايتىپ يەسلىدىكى ئىككى بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ كەنت دوقمۇشىدا ئايلىنىپ قالدى، كەنت كادىرلىرى ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ باردى، دوختۇر ئۇنىڭغا چوقۇم قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئۆيىدە ئارام ئېلىپ كۈتۈنۈشنى تاپىلىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تارقىتۇلىرى سىيى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP